UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

22.11.2020 – 15.11.2020

7 - سان
24/11/2020


تەييارلىغۇچىلار : نىجات تۇرغۇن
: م. تەۋرىقۇت
: مۇھەممەدئەمىن نۇرمۇھەممەد

تەھرىرلەر: : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: پاسىبان


https://www.uysi.org/ug/

## ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەپتىلىك دوكلاتى
## 22.11.2020 - 15.11.2020
## تەييارلىغۇچى : م. تەڭرىقۇت

ئامېرىكانىڭ يەنە بىر بىئو پەن ـ تېخنىكا شىركىتى Moderna ۋۇخەن ۋىرۇسىغا قارشى 95% ئۈنۈملۈك بولغان ۋاكسىنىنى ياساپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى. قاچان بازارغا سېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پەرەزلەر ھەرخىل بولۇپ، يېڭى يىلدا ياكى 2021ـ يىلىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە تارقىتىلىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. بۇ ۋاكسىنىغا ئېرىشىش كىشىلەرنىڭ قايسى دۆلەت ياكى قىتئەدە ئىكەنلىكى ۋە قانچە ياشتا ئىكەنلىكى دېگەندەك ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋاكسىنىنى كىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىمەكتە.[1] بۇ ھازىرغىچە ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ۋاكسىنا بولۇپ بىر قېتىم ئەملەشنىڭ باھاسى 25$ دىن 37$ ئەتراپىدا بولىدىغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا. [2] خىتايدا بولسا تېخىچە ھېچقانداق بىر ۋاكسىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يوق.

15ـ نويابىر كۈنى خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 دۆلەت سەككىز يىلنىڭ ياقى مۇزاكىرە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى ۋە بۇ

[1] James Gallagher, “Moderna: Covid vaccine shows nearly 95% protection” BBC, 17.11.2020 https://www.bbc.com/news/health-54902908

[2] Wikipedia, 17.11.2020 https://en.wikipedia.org/wiki/Moderna#COVID-19_vaccine_candidate,

كېلىشىم رايونلۇق ئومۇمىي ئىقتىسادىي ھەمكارلىق (Regional Comprehensive (Economic Partnership (RCEP)) دەپ ئاتالدى. بۇ ھەمكارلىق نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن خىتاينىڭ ئامېرىكىغا قاراتقان ئىقتىسادىي زەربە ياكى ئىقتىسادىي « سىياسىي ئۆزگىرىش » دەپ قارالماقتا. قىزىقارلىق يېرى، بۇ ھەمكارلىق تەشكىلاتىدا خىتاينىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، رىقابەتچىلىرى، خىتاي بىلەن زىمىن تالاش - تارتىشى قىلۋاتقان دۆلەتلەر، ۋە رۇس توغرۇلۇق خىتايغا غەزەپلىنىۋاتقانلار قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ دۇنياغا ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارغا شەرقىي ئاسىيانىڭ يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك مەبلەغ سېلىش رايونى ئىكەنلىكى شۇنداقلا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ ھەرىكەت قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە سىگنال بەرگەن.

شەرقىي ئاسىيا رايونىدا خىتاي ئىقتىسادىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانغان بولۇپ، ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىق كېلىشىمىنى بىكار قىلىشى ۋە ياپونىيە ۋە كورىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلىرىغا قاتتىق سودا ۋاستىلىرىنى قوللىنىشى، خىتاي تەرەپنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان. لېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ يەنە نۇرغۇن قىلىدىغان ۋە بىرلىكتە قارار ئالىدىغان ئىشلىرى بولۇپ باجنى بىكار قىلىش بۇلارنىڭ بىرى ۋە بۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ جەريان.[3]

بايدىن ۋەزىپىسىنى باشلىغاندىن كېيىن خىتايغا قارىتا قوللىنىدىغان سىياسىتى ئېنىقچىلا قىزىق نۇقتا بولۇپ كەلمەكتە. ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە تەتقىقاتچىلىرى ئامېرىكادىكى ھەر ئىككى پارتىيىنىڭ ترامپنىڭ ھىندى-تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيەسىنى قوللايدىغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ،

[3] Joshua Kurlantzick, “The RCEP Signing and Its Implications”, Council on Foreign Relations, 16.11.2020. https://www.cfr.org/blog/rcep-signing-and-its-implications

بايدىننىڭ خىتاي سىياسىتىدە كۆپ ئۆزگىرىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ھەتتا بايدىننىڭ تەيۋەن قەرتىنى ئويناشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بايدىن تەيۋەنگە ياردەم قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئىستراتېگىيەسى داۋام قىلىدىغان بولۇپ، لېكىن ترامپ ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش زور مىقداردا قورال سېتىپ بېرىش ۋە باشقا رادىكال ئۇسۇللارنىڭ قوللىنىلمايدىغانلىقىنى، ئەمما تەيۋەن بوغۇزىدا تەيۋەن مەسىلىسى سەۋەبلىك ئامېرىكا ۋە خىتاي تەرەپنىڭ بىر-بىرى بىلەن ھەربىي جەھەتتىكى خىرىس قىلىشىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئۆزگەرمەس رېئاللىق بولىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقان. [4]

بۇنىڭدىن سىرت 21- چېسلا ئامېرىكا تەيۋەن بىلەن بەش يىللىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق پىلانى تۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى باجنى چۈشۈرۈش، ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق نىشانلارغا يېتىشنى مەقسەد قىلغان. بۇ يىل ئاۋغۇستتا تەيۋەن تەرەپ ئامېرىكىدىن كېلىدىغان كالا ۋە چوشقا گۆشلىرىگە قارىتىلغان چەكلىمىنى بىكار قىلىۋەتكەن.

تىبەت سۈرگۈن ھۆكۈمىتى پرېزىدېنتى لوبساڭ سانگاي جۈمە كۈنى ئاقسارايىنى زىيارەت قىلغان ۋە يېڭى تەيىنلەنگەن تىبەت ئىشلىرى مەسئۇلى روبېرت دېسترو بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ تىبەت مەركىزى ھۆكۈمىتى رەئىسىنىڭ 60 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاقسارايدا رەسمىي قوبۇل قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لوبساڭ سانگاي بۇ ھەقتە «ئامېرىكانىڭ تىبەت سۈرگۈن ھۆكۈمىتىنى ۋە دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىققان لىدىرىنى شۇنداقلا ئۇلۇغ

[4] Minnie Chan, “S-China relations: Biden expected to keep Taiwan card in play against Beijing”, South China Morning Post, 16.11.2020. https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3110016/us-china-relations-biden-expected-keep-taiwan-card-play

دالاي لاما ئالىيلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تىبەت مەركىزى ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم ۋە شەرەپ ھېس قىلدىم» دېگەن.[5]

مايك پومپېيو 21-چېسلا قاتاردا ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ۋە تالىبان ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئافغانىستاندىكى قوشۇنلارنىڭ سانىنى 4500 دىن 2500 گە چۈشۈرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپ بىلەن ئافغانىستاننىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن داۋاملىق ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تالىبان ئامېرىكىنىڭ بۇ قارارىنى قارشى ئالغان لېكىن ئافغانىستان ھۆكۈمەت تەرەپ ئامېرىكىنىڭ رايۇن ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قارار بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى خىتاينى ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسى سەۋەبلىك تېرور تەشكىلاتلىرى ۋە ئاشقۇن قوراللىق گۇرۇپپىلارنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭ ئىكەن. كابۇلدىكى ئافغانىستان تەتقىقات ۋە باھالاش مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى نىشاك موتۋانى ئەگەر ئافغانىستاندا ۋەزىيەت كونترولدىن چىقىپ كەتسە، بۇ توقۇنۇشلارنىڭ خىتايغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ خىتايغا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاجىزلىغان ئىدى، ئەگەر تالىبان ئافغانىستاندىكى كۈچىنى

[5] Tsering Kyi, Tenzin Noryang, “ Tibetan Government Leader Makes Historic White House Visit”, VOA, 21.11.2020. https://www.voanews.com/usa/tibetan-government-leader-makes-historic-white-house-visit

كۆچەيتسە بۇ ھالەت ئۆزگىرىدۇ. بۇنداق بولغاندا خىتاي ئۆزى بىۋاستە ھەرىكەتكە ئۆتمەستىن دىپلوماتىك ئۇسۇل بىلەن رايونغا كىرىپ، «جان دوستى» (铁哥们) پاكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ.

ئىمران خان ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتىگە خەت يېزىپ بۇ قارارنىڭ ئاقىلانە بولمىغانلىقىنى ئېيتقان.[6]

ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك ئەلچىسى سام بىروۋنبەك 19-چېسلا ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى ئىشلىتىپ ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە دىنىي گۇرۇپپىلارنى باستۇرۇش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇ خىتاينىڭ يۈز تونۇش سىستېمىسى ۋە سۈنئىي زېھىن قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ساقچى دۆلىتى قۇرۇپ ۋە بۇنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.[7]

11-ئاينىڭ 16-كۈنى خىتاي تەرەپ ئورۇنلاشتۇرغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، كانادالىق مۇخبىرنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ ب د ت دىكى كانادا ۋەكىلى Bob Rae تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېنىقلىمىسىغا چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا خىتاي تەرەپنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى سۈندالا مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ

[6] Smriti Chaudhary, “Afghanistan, The Graveyards Of Super Powers – Will China Be Next In The Firing-Line?”, Eurasia Times, 21.11.2020 https://eurasiantimes.com/afghanistan-the-graveyards-of-super-powers-will-china-be-next-in-the-firing-line/

[7] Matt Hadro, “US RELIGIOUS LIBERTY AMBASSADOR CALLS OUT CHINA FOR USING TECH TO SUPPRESS RELIGION”, The CATHOLIC Telegraph , 20.11.2020 https://www.thecatholictelegraph.com/china-suppressing-religion/70745

شىنجاڭغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا يول قويىدىغان قويمايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىغان. بۇنىڭغا قارىتا خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى جاۋلىجيەن ناھايىتى قوپاللىق بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشى كاناداغا بەكرەك ماس كېلىدۇ دېگەن، ئۇ يەنە كانادا ۋەكىلىنىڭ يېتەرلىك ئىسپات يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى، دېگەنلىكىنى كۈلكىلىك ئىش دېگەن. جاۋلىجيەن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ كانادانىڭ 18 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق كانادانىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنى ھاماقەت ۋە بىلىمسىز دەپ ئەيىپلىگەن.[8]

ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدۇرماقتا. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبراين ۋيېتنام ۋە فىلىپپىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ زىيارىتىنىڭ مەقسىدى خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇشتا بىرلىك ھاسىل قىلىش.[9]

خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ھەربىي، دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر- بىرىنى چەكلەشتىن سىرت، يەنە پەن - تېخنىكا جەھەتتىنمۇ كۈچلۈك رىقابەت داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ھەممە يەردە سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان خۇاۋېي پەقەت بۇنىڭ كۆرۈنگەن تەرىپى. بۇنىڭدىن سىرت ئامېرىكىنىڭ بۇ

[8] “2020年11月16日外交部发言人赵立坚主持例行记者会” 中华人民共和国外交部, 16.11.2020 https://www.fmprc.gov.cn/web/fyrbt_673021/t1832660.shtml

[9] Bac Pham and Bennett Murray, “South China Sea: Trump’s national security adviser heads to Vietnam, Philippines in last-gasp anti-China push”, South China Morning Post, 19.11.2020 https://www.scmp.com/week-asia/politics/article/3110400/south-china-sea-trumps-national-security-adviser-heads-vietnam

ساھەدە قوللىنىلغان تەدبىرلىرى:

1. سەزگۈر تېخنىكىلارنىڭ خىتايغا ھەتتا خۇڭكوڭغا كىرىشىنى چەكلەش. بۇ ئەمەلىيەتتە 2015 ـ يىللىرىدىلا باشلانغان. لېكىن بۇ يىل ئامېرىكا بۇنىڭ كۆلىمىنى يۇمشاق دېتاللارنى چەكلەشتىن  قاتتىق دېتال تېخنىكىلىرىدىمۇ خىتايغا قارىتا چەكلەش ئېلىپ بېرىشقا كېڭەيتكەن.  بۇنىڭغا قارىتا خىتايمۇ يېقىندا سۈنئىي زېھىن ۋە درون تېخنىكىسىنىڭ ئېكسپورتى ھەققىدە يېڭى بەلگىلىمە چىقارغان.
2. خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەتلىرىنىڭ ئامېرىكىدا بازا قۇرۇشىنى چەكلەيدىغان بەلگىلىمە (CFIUS)نى ئېلان قىلغان .
3. ئامېرىكا شىركەتلىرىنى قارا تىزىملىككە ئالغان خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى سودا ئالاقىسى قىلىشنى چەكلەش. خىتاي بۇنىڭغا قارىتا  تېخى يېقىندىلا ئوخشاش شەكىلدە ئىنكاس قايتۇرغان بولۇپ، ئەمما ھازىرغىچە قارا تىزىملىككە ئالغان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىپ باقمىغان.
4. بۇنىڭدىن باشقا پۇل ـ مۇئامىلە كوزىرىمۇ بار. ئامېرىكا تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە ئېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكا پايچەك بازىرىدىنمۇ قوغلاپ چىقىرىلىش ئېھتىماللىقى بار.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئامېرىكانىڭ 5 گ تېخنىكىسىنى چەكلىشى بىلەن باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ خۇاۋېينىڭ بۇ مۇلازىمىتىنى چەكلىگەن بولۇپ ھەتتا

سىنگاپورمۇ بايقۇت قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلغان. [10]

ئامېرىكا يەنە بۇ ھەپتە 70 بەتلىك خىتايغا قارىتىلغان < خىتاي تەھدىتىنىڭ تەركىبلىرى> The Elements of the China Challenge دەپ ئاتالغان يېڭى ئىستراتېگىيە دوكلاتى ئېلان قىلغان. ( بۇ ئىستراتېگىيە The U.S. State Department’s Office of Policy Planning تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان). بۇ پىلان ـ 1947 يىلى ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دىپلوماتى جورج كېننان George Kennan نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەققىي نىيىتى ھەققىدە ئامېرىكا پرېزىدېنتىغا يازغان مەكتۇبى ۋە كېيىن ئېلان قىلغان يازمىلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن، ـ2 كېننان پىلانى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ پىلان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرى ۋە بۇنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك مەنبەسى، خىتاينىڭ ئاجىزلىقلىرى ۋە دۈچ كېلىۋاتقان خىرىسلىرى ۋە بۇلارغا قارىتا ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قانداق تەدبىر قوللىنىشى لازىملىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ ئىستراتېگىيە پىلانىدا ئامېرىكا تامامىلىشى كېرەك بولغان « ئون ۋەزىپە» ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇلار :

1. دۆلەت ئىچىدە ئاساسىي قانۇنغا تايانغان ھۆكۈمەت ۋە (پۇخراۋىي) جەمىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش.
2. ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھەربىي دۆلىتىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش .
3. قانۇنغا تايانغان خەلقئارا تەرتىپنى كۈچەيتىش .

[10] Alicia Cracia-Hererro, “Macro View of US-China Tech Competition: Where Are We and What to Expect?”, Valdai Discussion Club, 16.11.2020. https://valdaiclub.com/a/highlights/macro-view-of-us-china-tech-competition/

4. ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاق سىستېمىسىنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە باھالاش.
5. ئىتتىپاق سىستېمىسىنى كۈچەيتىش ۋە يېڭى خەلقئارالىق ئورگانلارنى قۇرۇپ دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى تەرغىپ قىلىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش .
6. خىتاي بىلەن مۇمكىن بولغاندا ھەمكارلىشىش ۋە يەنە چەكلەيدىغان يەرگە كەلگەندە چەكلەش.
7. ئامېرىكا خەلقىنى خىتايدىن كېلىدىغان خىرىس ۋە تەھدىتلەر ھەققىدە تەربىيەلەش.
8. خىتاي بىلەن بولغان چوڭ كۈچلەر رىقابىتىنى چۈشىنەلەيدىغان يېڭى ئەۋلات سىياسەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش.
9. مۇرەككەپ ئۆچۈر دەۋرىدە ئوقۇغۇچىلارغا ۋە پۇخرالارغا ۋەتەنداشلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكا مائارىپ سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش.
10. سۆزدە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئەركىنلىك پرىنسىپلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى قوغداش. [11]

ئامېرىكا ـ خىتاي رىقابىتىدىكى يەنە مۇھىم بىر ساھە ئادەمسىز ئۇچۇش ئايروپىلانلىرى ساھەسى بولۇپ ، بۇ ساھە 21ـ ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ساھەنىڭ بىرىدۇر. 2011ـ يىلىدىن بۇرۇن دۇنيادا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە ئىسرائىلىيەنىڭلا ئۇچۇش دىرونلىرى بولۇپ، 2019ـ يىلىغا كەلگەندە 18 دۆلەت بۇ تېخنىكىغا ۋە ياكى ئۇچۇش دىرونىنىڭ ئۆزىگە ساھىپ بولغان.

[11] Bethany Allen-Ebrahimian, “Scoop: State Department to release Kennan-style paper on China”, AXIOS,17.11.2020 https://www.axios.com/scoop-the-state-department-to-release-kennan-style-paper-on-china-338234c2-f980-4983-9905-7a1d5fc16315.html

بۇ 18 دۆلەتنىڭ ئون بىرى دىرونلىرىنى خىتايدىن سېتىۋالغان. ئامېرىكا بولسا تېخى يېقىندا پەقەت فىرانسىيەگىلا بۇ خىل قورالنى ئېكسپورت قىلغان. دىروننىڭ 21- ئەسىر ھەربىي ساھەسىدە نە قەدەر مۇھىم قورال ئىكەنلىكى لىۋىيەدە، ئىراقتا، سۇرىيەدە ۋە ئەرمېنىيە- ئەزەربەيجان قارا باغ ئۇرۇشلىرىدا ئۆزىنى كۆرسەتتى. (ئەزەربەيجان ئۇرۇشتا ئەرمېنىيەنىڭ تانكا ۋە زەمبىرەكلىرىگە قارشى تۈركىيەنىڭ بايقار 2 دىرونىنى ئىشلەتكەن).

ئامېرىكا گەرچە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئۇرۇش دىرونلىرىغا ئىگە بولسىمۇ، دىرون بازىرىدا خىتاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ (تۈركىيەنىڭمۇ) ئارقىسىدا قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا ئامېرىكا 1987-يىلى بەلگىلىمە چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ دىرونلارنى ئېكسپورت قىلىشىنى چەكلىشى بولغان. لېكىن خىتاي بۇنداق بىر بەلگىلىمە ياكى شەرتنامىگە ئىمزا قويمىغانلىقى ئۈچۈن ئېكسپورت قىلىشتا ئۆزىنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بولسا 2011-يىلدىن 2019- يىلغىچە دېموكراتىك بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىگە بولغان دىرونلىرىنىڭ كۆلىمى ( سانى ۋە تېخنىكىسى ) دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا سەككىز ھەسسە كۆپ بولغان ۋە بۇنىڭ سەۋەبىمۇ خىتاينىڭ ئۇلارغا كۆپلەپ سېتىپ بەرگەنلىكىدىن بولغان. خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىن چېكىنگەن گېنېرال شۈ گۇاڭيۈ خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قورال سېتىپ بېرىشىدىكى بىر «ئەۋزەللىكى» نىڭ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ۋە قانداق ئىشلىتىشىگە شەرت قويماسلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. لېكىن ئامېرىكا بولسا خەلقئارا قانۇن بويىچە ئىشلىتىش ۋە ئۆز پۇقرالىرىنى پايلاشقا ئىشلەتمەسلىك قاتارلىق نۇرغۇن شەرتنامىلەر بىلەن سېتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە خىتاي ئامېرىكىغا قارىغاندا كۆپ دۆلەتلەرنىڭ خېرىدارى بولۇپ قالغان.

بۇ ھالەتتە ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى دىرون ئېكسپورتىدىن چەكلىشى ئۇرۇش دىرونلىرى قاتارلىق قىرغۇچى قوراللارنىڭ يەر شارى مىقياسىدا يېيىلىپ

كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھەربىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خىتاي بولسا دىرون سېتىپ بېرىش ئارقىلىق خەلقئارالىق ھەربىي مۇداپىئە ئىتتىپاقى قۇرۇشقا باشلىغان. ھەتتا ئىئوردانىيە، ئىراق، ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئامېرىكىنىڭ بەزى ئىتتىپاقداشلىرىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشى سەۋەبىدىن خىتاينىڭ خېرىدارىغا ئايلىنىپ قالغان.

ترامپ ھۆكۈمىتى بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بۇ يىل 7- ئايدا 1987- يىلىدىكى قانۇنغا يېڭىدىن ئېنىقلىما بەرگەن ۋە سائەتلىك تېزلىكى 800 كىلومېتىرنىڭ ئاستىدا بولغان ئۇرۇش دىرونلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلغان. چۈنكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا دىرون بازىرىغا كىرىشى كېرەك، بولمىسا خىتاينىڭ ئارقىدا قالىدۇ. [12]

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر كەسكىن ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دىققەت قىلىنماي كېلىۋاتقان رىقابەت رەقەملىك پۇل رىقابىتى بولۇپ، كۈزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ساھەدە خىتاي ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن. رەقەملىك بىر دۇنياغا تېز سۈرئەتتە كىرىۋاتقان بولساقمۇ، ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ھەقتە ناھايىتى ئاز گەپ قىلماقتا. ھەتتا بايدىننىڭ پرېزىدېنتلىق پىلانىدا بۇ ساھە پەقەتلا يوق. ئۇ سىياسەتنى ئاساسلىق ۋۇخەن ۋىرۇسى، ئىرقىي باراۋەرلىك ۋە يەرشارى كىلىمات مەسىلىسىگە قارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. خىتاينىڭ پۇل بىرلىكى

[12] Michael C. Horowitz, Joshua A. Schwartz, and Matthew Fuhrmann, “China Has Made Drone Warfare Global: The United States Must Join the Market or Be Left Behind”, Foreign Policy, 20.11.2020. https://www.foreignaffairs.com/articles/china/2020-11-20/china-has-made-drone-warfare-global?utm_medium=referral&utm_source=www-foreignaffairs-com.cdn.ampproject.org&utm_campaign=amp_kickers

يۈەن بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە خىتاي خەلق بانكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن رەقەملىك پۇل ساھەسىدە لىدىر بولۇش يولىدا ئىلگىرىلىمەكتە. فېدېراتسىيە بانكىسىنىڭ Federal Reserve رەئىسى Jerome Powel ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەز بانكىسىنىڭ رەقەملىك پۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىگە ئېتىبار بەرمەي كېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.[13]

## ھەپتىلىك ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز ۋە تەۋسىيەلەر

بۇ ھەپتىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر شىركىتىنىڭ 95% ئۈنۈمگە ئىگە يېڭى بىر ۋاكسىنىنى ئىشلەپچىقارغانلىقى.
2. «ئىككىنچى كېنان پىلان»نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى
3. ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارى ئېلىشى
4. تىبەت لىدىرى لوبساڭ سانگاينىڭ ئاق سارايدا كۈتۈۋېلىنىشى
5. تىنچ ئوكيان رايونىدا 15 دۆلەتتىن تەركىب تاپقان رايونلۇق ئومۇمىي ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى

[13] Alex Zha, “The US election seals China’s victory in digital currency supremacy”, Coin telegraph, 21.11.2020 https://cointelegraph.com/news/the-us-election-seals-china-s-victory-in-digital-currency-supremacy

غەرب دۆلەتلىرى ئىككى ۋاكسىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان بولۇپ بۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. باشتا دەپ ئۆتۈلگەندەك بۇ پەن - تېخنىكا جەھەتتە غەربنىڭ يەنىلا دۇنيانىڭ لىدىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ غەرب ۋە ئىتتىپاقداشلىرىغا يېڭىچە ئۈمىد ئېلىپ كېلىدۇ ۋە دۇنيادىكى ئىناۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

«ئىككىنچى كېنىنان» پىلانى غايەت زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ تەھدىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە بۇنىڭغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەدبىر قوللىنىشنى باشلاپ بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ پىلانىنىڭ ئاساسى مەزمۇنلىرىغا قارايدىغان بولساق خىتايغا قارشى كۆپ تەرەپلىملىك، ئىنچىكە ۋە سىستېمىلىق ھەم دۆلەت ئىچى ھەم خەلقئارالىق نۇقتىدىن، ھەم قىسقا مەزگىللىك ھەم ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ پىلانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بايدىنىنىڭ « رۇسىيە بىرىنچى تەھدىت» نەزەرىيەسىنىڭ تازا توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى قىسمەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ۋە ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە باغلىق.

بۇنىڭغا قارىتا خىتاينىڭ باش بولۇپ 14 دۆلەت بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇرۇشى، ئامېرىكىغا قارىتىلغان بىر تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ياپونىيە، كورىيە ۋە ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭمۇ بۇ ھەمكارلىقنىڭ ئىچىدە بولۇشى، بايدىنىنىڭ ئىتتىپاقداشلارنى توپلاپ خىتايغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇش پىلانىنى بىر ئاز قىيىنلاشتۇرۇشى مۇمكىن. يەنە ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭ بۇ دۆلەتلەرگە بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە، خىتاي بۇ ئىقتسادىي ھەمكارلىق ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلمەسلىكى ۋە بۇ

بىرلىك ئويلىغاندەك ئۇنۇم بېرەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

ئافغانىستاندىن قوشۇن چېكىندۈرۈش ۋە تىبەت لىدىرى لوبساڭ سانگاينى ئاق سارايدا قوبۇل قىلىش قاتارلىقلار ئامېرىكىنىڭ خىتايغا بەرگەن سىگنالى بولۇپ، خىتاينى شەرقتە تەيۋەن، غەرب تەرەپتە ئافغانىستان ھەتتا شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت قاتارلىق رايونلاردا ئىسكەنجىگە ئېلىش پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا كۈچىنى شەرقىي ئاسىياغا يىغىۋاتقان بولۇپ ئەگەر ئافغانىستاندىن چىقىپ كەتسە  خىتاي ۋە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بۇ رايوندا ئامېرىكا ئوينىغان رولنى ئوينىيالامدۇ؟ ئامېرىكا  ئافغانىستاندا ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ يۈكىنى قانچىلىك يەڭگىللەتكەن ئىدى؟...بۇلار مۇھىم مەسىلىلەردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇش دىرونلىرىنى سېتىشنى قانۇنلاشتۇرۇشى پەن- تېخنىكىنى ئاساس قىلغان يېڭى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى، شۇنداقلا دىرونلارنىڭ يەرشارى مىقياسىدا  كەڭ كۆلەمدە يېيىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە يادرو قوراللار ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسا، دەۋرىمىزدىكى دىرونلار ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەر

ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش ۋە لوبساڭ سانگاينى ئاق سارايدا قوبۇل قىلىشنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ئىزدىنىش لازىم.

تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللىنىش ۋە ئىشلەش پىرىنسىپى ھەققىدە ئەتراپلىق دوكلات تەييارلاش ۋە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

خىتاي تەرەپنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقىنى يوشۇرىدىغان ۋە بۇرمىلايدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى باياناتلىرىغا تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە ئاكتىپ پائالىيەتچىلەر ئىجتىمائىي مېدىيالاردا ئىنگلىز تىلىدا ۋاقتىدا ئىسپاتلار بىلەن رەددىيە بېرىشى لازىم.

# ختاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
(15.11.20-22.11.20)
**تەييارلىغۇچى: نىجات تۇرغۇن**

1. گوللاندىيە ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىنى نىشان قىلغان ئاسىيا ئىستراتېگىيەسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىستراتېگىيەدە ختايغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، ختاينىڭ جەنۇبىي ختاي دېڭىزىدىكى كېڭەيمىچىلىك تىرىشچانلىقى (ھەربىيلەشتۈرۈشى) ۋە غەربىي تىلغا ئېلىنغان ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ختاينىڭ جەنۇبىي ختاي دېڭىزىغا ئالاقىدار خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىشىغا قارىتا ئېپادە بىلدۈرۈشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[14]

## مۇلاھىزە:

فرانسىيە ۋە گېرمانىيەدىن كېيىن گوللاندىيەنىڭمۇ ھىندى ـ تىنچ ئوكياننى مەركەز قىلغان ئىستراتېگىيەنى ئېلان قىلىشى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايونغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە رايوندىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئالاقىدار ئورتاق پوزىتسىيە تۇتۇش ۋە سىياسەت ئېلىپ بېرىشتا ئاكتىپ رول ئېلىش ئارقىلىق ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ رايوندىكى مەنپەئەتلىرىنى قوغدىماقچى ئىكەنلىكى كۆرۈۋالالايمىز.

[14] Drake Long ‘’Netherlands Unveils Asia Strategy, Urges EU to Speak Out on South China Sea”. RadioFreeAsia. 17.11.20. https://www.rfa.org/english/news/china/netherlands-southchina-sea-11172020161222.html

2. مۇۋەپپەقىيەتلىك خىتاي سىياسىتى ياۋروپادىن ئۆتىدۇ. ئامېرىكانىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان يېڭى ھەمكارلىقى ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رىقابەتلىششى ۋە خىتاينىڭ ئامېرىكاغا شەكىللەندۈرگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەھدىتلىرىگە تېخىمۇ ياخشى قارشى تۇرۇشىغا ياردىمى بولىدۇ. ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ خىتاي تەھدىتلىرىگە قارىتا يەرشارلاشقان ساغلاملىق، تېخنولوگىيە، ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە، تىجارەت قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئورتاق نۇقتىلىرى بار. ئىككى تەرەپ دۇنيانىڭ ئومۇمىي GDP سىنىڭ 42.1% نى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ئەگەردە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قايتىدىن جانلانغان شېرىكلىك مۇناسىۋىتى پەيدا قىلالىسا، خىتاي شەكىللەندۈرۈۋاتقان تەھدىتلەرگە قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغىلى بولىدۇ.[15]

## مۇلاھىزە:

ياۋروپانىڭ خىتاي سىياسىتىدە تېز ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ ۋە ياۋروپا كومىتېتى خىتاينى سىستېمىلىق رەقىب (systemic rival) دەپ تونۇدى[16]. داۋاملىشىۋاتقان COVID-19 سەۋەبىدىن ياۋروپانىڭ خىتايغا بولغا قارشى تېخىمۇ ھالقىلىق بىر نۇقتىغا كەلدى. ئامېرىكانىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ھەمكارلىقنىڭ يېڭىدىن كۈچەيتىلىشى ئورتاق مەنپەئەتلەرنى چىقىش قىلغان ھالدا، خىتايغا قارشى ئورتاق سىياسەتلەرنى بەلگىلىشى مۇمكىن. بۇ ئورتاق سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر قايسى ساھەلەردىن سىرت، خىتاينىڭ ھىندى - تىنچ

[15] Katarina Mulligan, Jordan Link and Laura Edwards. ‘’THE ROAD TO A SUCCESSFUL CHINA POLICY RUNS THROUG EUROPE” .WarOnTheRocks.18.11.20 . https://warontherocks.com/2020/11/the-road-to-a-successful-china-policy-runs-through-europe/

[16] European Commission. ‘’ JOINT COMMUNICATION TO THE EUROPEAN PARLIAMENT, THE EUROPEAN COUNCIL AND THE COUNCIL”. Official website of EU.12.03.19. .https://ec.europa.eu/commission/sites/beta-political/files/communication-eu-china-a-strategic-outlook.pdf

ئوكيان ۋە شىمالىي قۇتۇپ رايونلىرىدىكى تەسىرى ۋە تەھدىتىگە قارشى ھەمكارلىقلار ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن. پەقەت خىتاينىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى تەسىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قارشى بىر ئورتاق سىياسەت بەلگىلىشىگە قىسمەن توسالغۇلارنى يارىتىشى مۇمكىن.

3. «ياۋروپا خەلقىنىڭ COVID-19 مەزگىلىدىكى خىتايغا بولغان كۆزقارىشى» دېگەن دوكلاتتا بىلدۈرۈلۈشىچە، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان 13 دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئورتاقلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي ھەققىدە سەلبىي چۈشەنچىدە ئىكەن.[17]

1. تەكشۈرۈلگەن 13 دۆلەتنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ئىچىدە ئون دۆلەتتىكى زىيارەت قوبۇل قىلغۇچىلار خىتايغا قارىتا بەكرەك سەلبىي كۆزقاراشتا بولغان. (غەربىي ۋە شىمالىي ياۋروپادا ئاساسەن سەلبىي، شەرقىي ياۋروپادا ئىجابىي، جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادا بىرئاز سەلبىي.)
2. خىتاي بىلەن بولغان تىجارەت سىياسىتىگە كۆپىنچە دۆلەتلەر ئىجابىي قارىغان( فىرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە شىۋېتسىيە بۇنىڭ سىرتىدا). خىتاينىڭ ئارمىيەسى توغرۇلۇق كۆز قاراشتا پەقەتلا سېربىيە ئىجابىي قاراشتا بولغان.
3. ئەڭ سەلبىي قارالغان مەسىلىلەر بولسا خىتاينىڭ يەرشارى مۇھىتىغا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىك سىستېمىسىغا قىلغان تەسىرى ئىكەن.

[17] Richard Q. Turcsányi , Matej Šimalčík,Kristína Kironská, Renáta Sedláková. ‘’European public opinion on China in the age of COVID-19”.SINOFON. 16.11.20. https://sinofon.cz/wp-content/uploads/2020/11/COMP-poll-final.pdf

4. تەكشۈرۈشكە قاتناشقۇچىلار خىتاينى ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي كۈچ، ئامېرىكانى بولسا ئەڭ چوڭ ھەربىي كۈچ دەپ قارىغان.
5. خىتايغا قارىتا قايسى مەسىلىلەرنى بەكرەك ئاساس قىلىش كېرەك دېگەندە، يەرشارىلاشقان مەسىلىلەردە ھەمكارلىشىشنى، ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە مەسىلىلىرىنى ئاساسى ئورۇنغا قويۇشنى مۇھىم دەپ قارىغان. خىتاينىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسى كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم دەپ قارىغۇچىلار ئەڭ ئاز بولغان.

## مۇلاھىزە:

بۇ ياۋروپادىكى 13 دۆلەتتىن 20 مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى، مۇھىت مەسىلىسى ۋە دېموكراتىيە مەسىلىسىگە بولغان قاراشلار سەلبىي. 5G قۇرۇلۇشىدىمۇ ياۋروپا شىركەتلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان. ئەمما خىتاي بىر مۇھىم ئىقتىسادىي كۈچ دەپ تونۇلغان. ئاۋام خەلقنىڭ كۆز قاراشلىرى ياۋروپادىكى دېموكراتىك ئەللەر ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، دۆلەتلەر خىتايغا قارىتا سىياسەت ئېلىپ بارغاندا بۇ قاراشلارنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىش كۆرىدۇ. بۇ كۆز قاراشلاردىن قارىغاندا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق خىتاي سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى.

4. بىر خىتاي ئەمەلدارى ئاۋستىرالىيە توغرۇلۇق ئەرز - شىكايەت سۇنغان بولۇپ، ئەرزنامىدە ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىشىنى توسۇشى، خىتاينىڭ COVID-19 نىڭ تېزگىنلەش تېرىشچانلىقى ھەققىدە ئىشەنچىسىز ئۇچۇرلارنى تارقىتىشى، خىتاينى تور ھۇجۇمى قىلدى دەپ ئەيىپلىشى، خوڭكوڭ، شەرقى تۈركىستان ۋە تەيۋەن مەسىلىرىگە ئۆزلۈكسىز ئارىلىششى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرغان.

ئاۋستىرالىيە فېدىرال ھۆكۈمىتى بۇ ئەرزنامىلەرنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقى ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ مەيدانىنى خاتا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالدى ۋە «بۇ ئەرزنامىدىن ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قەستەن بۇزۇش ئۈچۈن ھېچنېمە قىلمىغانلىقى، ئەمما ئۆزىنىڭ پرىنسىپى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ» دېدى[18].

## مۇلاھىزە:

ئاۋستىرالىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى داۋاملىق ناچارلىشىۋاتىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي كۆرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاۋستىرالىيەنىڭ ھىندى - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى مەنپەئەتى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىۋاتقان خىزمەتلىرى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. خىتاي تەرەپنى ئەڭ ئەندىشىگە سېلىۋاتقىنى Quad نىڭ تەرەققى قىلىپ NATO غا ئوخشاش بىر ھەربىي ھەمكارلىق ئورگىنىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى. شۇڭا خىتاي بۇ سەۋەبتىن ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئاۋستىرالىيەگە بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ.

[18] Stephen Dziedzic.‘’Australian officials respond angrily to fresh attacks from Chinese diplomat”. TheABC. 19.11.20. https://www.abc.net.au/news/2020-11-18/china-australia-relations-sour--diplomat-releases-list/12897788

5. رۇسىيە بىلەن خىتاي مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېلىشىمى تۈزدى. بۇ كېلىشىم خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى خەن جېڭ ۋە رۇسىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى Andrei Belousov بىرلىكتە زىيارەت قىلغان خىتاي ـ رۇسىيە مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ 7 ـ يىغىنىدا تۈزۈلگەن. خەن جېڭ: ئىككى دۆلەت دىجىتال ئىقتىساد ۋە COVID ـ 19نى تىزگىنلەشتە ھەمكارلىق ئورنىتىشقا كۈچ چىقىرىشى ۋە يۇقىرى تېخنىكا، ئۇچۇر، ئالاقە ۋە بىئولوگىيەلىك خەۋپسىزلىك قاتارلىق ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك دېدى[19].

## مۇلاھىزە:

رۇسىيە خىتاي تاشقى سىياسەتتە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان ۋە ياخشى تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى، ئورتاق مەنپەئەتلىرى ۋە ئېھتىياجلىرى بۇ ئىككى دۆلەتنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئېنېرگىيە، ھەربىي، پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىدىكى ھەمكارلىقى كۈچەيمەكتە. يۇقىرىدىكى مەبلەغ سېلىش ھەمكارلىقىدىن ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىمىزدا دىجىتال ئىقتىساد ۋە COVID ـ 19نى تىزگىنلەش، يۇقۇرى تېخنىكا، ئۇچۇر، ئالاقە ۋە بىئولوگىيەلىك خەۋپسىزلىك قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك ھەمكارلىق ئورنىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## تەۋسىيەلەر

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسى كېڭەيمىچىلىكىنى (geopolitical expansionism) كەڭ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا پاراللېل ھالدا، خىتاينىڭ شەرقى

[19] Xinhua.''China, Russia agree to enhance investment cooperation". Xinhuanet. 18.11.20. http://www.xinhuanet.com/english/2020-11/18/c_139525106.htm

تۆركىستاندىن كېسىپ ئۆتكەن ياۋرو - ئاسىيا كېڭەيمىچىلىكىنىمۇ كۆنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىشى ۋە شەرقىي تۆركىستان زېمىنىنىڭ بىر بېسىۋېلىنغان تېررىتورىيە ئىكەنلىكىنى قانۇن ئېتىراپ قىلىدىغان ھالەتكە ئەكېلىشكە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

خىتاينىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ياماننىلىشىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئىلمىي سىياسەت قىلىش ۋە خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان رۇسىيەدىمۇ شەرقىي تۆركىستان مەسىلىسىنىڭ يېپىلىشىغا يول ئېچىپ، دەۋايىمىز ئۆچۈن ئۆل سېلىش مۇھىم. چۈنكى خەلقارا مۇناسىۋەت ئىلمىدىن قارىغاندا، رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەڭپۇڭسىز ھالدا تەرەققى قىلىۋاتقان بىر مۇناسىۋەت بولۇپ، ئىنتىپاقداشلىق دەرىجىسىگە بېرىش ئىمكانىيىتى ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

# خىتاي-ئەرەپ دۆلەتلىرى مۇناسىۋەتلىرى

(2020.11.17-2020.11.23)

**تەييارلىغۇچى: مۇھەممەدئەمىن نۇرمۇھەممەت**

ئەرەپ دۆلەتلىرى ۋە خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان G20 دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى مۇشۇ ئاينىڭ 21- ۋە 22- كۈنلىرى (شەنبە، يەكشەنبە) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياد شەھرىدە ئېچىلدى. بۇ يىغىن دۇنيادىكى قارار چىقارغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرلىرى، مەركىزى بانكا مەسئۇللىرى ۋە خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى يىغىلىدىغان تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك يىغىلىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا دۇنيا 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ دىققىتىنىڭ ئاساسەن دۇنيانىڭ سىياسىي تەڭپۇڭلۇقى، خىتاي ۋىرۇسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي كىرىزىس، ۋابادىن كېيىنكى ئەسلىگە كېلىش تىرىشچانلىقلىرىغا مەركەزلىشىدىغانلىقى كۈتۈلمەكتە. سەئۇدى ئەرەبىستان بۇ يىغىنغا رىياسەتچى ۋە ساھىبخان بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان ئېچىلىش سۆزىدە «بىز بۇ ۋابانىڭ دۇنياغا، بولۇپمۇ نامرات دۆلەتلەرگە ئېلىپ كەلگەن تەھدىتلىرىگە قارشى ياردەمدە بولۇشقا، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىرىمىزنى سەپەرۋەر قىلىشقا، باشقا يىگىرمە دۆلەت بىلەن تولۇق ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييارمىز» دېيىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھەرۋاقىت ئەرەپ دۆلەتلىرىدە ھەرساھە ئالاقىلىرىنى كېڭەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى(ئوتتۇرا شەرق گېزىتى 20 - نويابىر) خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋىرۇس ۋاباسىدىن كېيىنكى خەلقئارا تەرتىپ ۋە دۇنيانى ئىدارە قىلىش جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇش، ئوچۇق ۋە سىغدۇرۇشچان بولۇشقا ئاشكارا چاقىرىق قىلىپ ئۆتتى.

خىتاي زوۋانى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى فىرانسىيە رەئىسى ماكرون بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە خىتاينىڭ دۇنيا تەرتىپىدە كۆپ قۇتۇپلۇق بولۇش تەشەببۇسىدا ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ دۇنيا تەرتىۋىنى ساقلاشتا باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ رولىنى ئويناۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.[20] شىنخۇا تورىنىڭ دوكلاتىدا، خىتاينىڭ يۇقىرىدىكى G20 باشلىقلىرى يىغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ۋە دۇنياۋى ئىقتىسادى بىرلىك گەۋدىسى شەكىللەندۈرۈش، كرىزىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشتا دۇنيا سىياسىي تەرتىۋىنىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە تەرەپلەرنىڭ خىتاينىڭ بۇ پوزىتسىيەسىگە ماسلىششىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەمما بۇ خەۋەر ئەرەپ مېدىيالىرىدا كۆرۈلمىدى.[21]

## قىسقىچە ئانالىز:

بۇ قېتىملىق يىغىن ۋىرۇس سەۋەپلىك ئىنتېرنېتتا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرى ۋە مەركىزى بانكا مەسئۇللىرىدىن بىر مۇھىم شەخسنى يىغىنغا قاتناشتۇرماسلىقى دىققەت تارتتى(رېيتېر). بىراق، جىددەدىكى خىتاي باش كونسۇلى تاڭ باگلىن (22 ـ نويابىر) يىغىندا سۆز قىلىپ، سەئۇدىي ئەرەبىستان رىياسەتچىلىكىدىكى بۇ يىغىنىنىڭ خىتاي ۋىرۇسىغا قارشى كۈرەشتە ناھايىتى ھالقىلىق رول ئويناىدىغانلىقىنى ۋە داۋالغۇشقا چۈشكەن دۇنيا ئىقتىسادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈچنى بىرلەشتۈرۈشتە چوڭ رول ئويناىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق،(ئەلجەزىرە 22ـ نويابىر) خىتاينىڭ ئەرەپ دۆلەتلىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر ھەمكارلىق ئورنىتىش تەشەببۇسىنى تەكىتلەپ خۇشامەت ئىپادىسىدە بولدى. يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق

[20] http://m.nhdfarabic.china.org.cn/orgdoc/doc_1_74175_1797394.html
[21] http://m.arabic.china.org.cn/orgdoc/doc_1_74175_1797126.html

مەسىلىنىڭ دۇنيا بانكىسىنىڭ رەئىسى داۋىد مالباسنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىقتىسادى كرىزىسنى ئورتاق ھەل قىلىش ۋە نامرات دۆلەتلەرگە بېرىلگەن قەرزلەرنى كەچۈرۈم قىلىش بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاينىڭ ئىقتىساد مىنىستىرى ۋە مەركىزى بانكىسىنىڭ يىغىنغا قاتناشماسلىقىدىن، خىتاينىڭ بۇنى ئالدىن پەرەز قىلىپ قەستەن قاتناشمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ بىئارام بولغانلىقى ۋە خىتاينىڭ پايدىدا بار، چىقىمدا يوق بولۇۋېلىشتەك پوزىتسىيەسىنى ھېس قىلغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

خىتاي تەرەپنىڭ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. دۇنيا سىياسىي تەرتىۋىنىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش، سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى ۋە ئۇچۇر بىخەتەرلىكى قاتارلىق ساھەلەردە، خەلقئارالاشقان بىر كۆپ تەرەپلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بولۇشىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. بۇلاردىن خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەپ ئەللىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىش ۋە ئامېرىكىنىڭ دۇنيانى يالغۇز ئىدارە قىلىش يوللىرىنى قىسىش نىيىتى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.
2. ئەۋۋەل ھاياتلىق چۈشەنچىسى بويىچە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا ياردەم بېرىش ۋە ۋىروسقا قارشى ۋاكسىنانى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش.
3. دۇنيا ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىكنى كۈچەندۈرۈش.
4. خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش

كېرەك، بۇنىڭدىنمۇ ختاينىڭ ئەرەپ دۆلەتلىرىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن .

تۈركىيە سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى 20 نويابىر G20 دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدىن بىر كۈن بۇرۇن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى ۋە سۆھبەت ئۈستىلىگە كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىدىكى 2018 دىن بۇيانقى ئىختىلاپلارنى بىراقلا تۈگىتىپ، ئىقتىسادىي ئىمبارگولارنى بىكار قىلىپ، دىپلوماتىك ئالاقىلەرنى ياخشىلايدىغانلىقىنى ئۈشتۈمتۇت دۇنياغا ئېلان قىلدى. بەلكىم بۇ ئۆزگىرىش دېڭىز قولتۇقى دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي كومپاسىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ۋە ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغىمۇ مەلۇم يوچۇقلارنىڭ ئېچىلىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلۇۋاتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىشى مۇمكىن.

## ختاينىڭ ئەرەپ دېڭىزى (قىزىل دېڭىز) ئىستراتېگىيەسى:

بابۇلمەندەپ بوغۇزى ختاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول پىلانىنىڭ سۇ يولىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ختاي بۇ يەردە پەيدا بولۇشقا باشلىغان بىر قانچە يىلدىن بېرى، جىبۇتى، ئېفىئوپىيە ۋە سۇدان قاتارلىق قىزىل دېڭىز قىرغىقىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ھەربىي بازىلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ساھەسىدىكى توختاملىرىنى زورايتىش ئارقىلىق، رايوندا ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۈچلۈك رىقابەت شەكىللەندۈرمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن، رايوندىكى تۈركىيەگە ئوخشاش تەسىرى بار دۆلەتلەرنى بۇ يەردىكى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىققا چاقىرماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆتكەن بەش يىل ئىچىدە پۈتۈن ئافرىقىنىڭ قورال - ياراق بازىرىنىڭ 55% تىنى

تەشكىل قىلغان خىتاي قوراللىرىمۇ ئالاھىدە دىققەت قوزغىماقتا ۋە رايوندىكى جىئوئىستىراتېگىيەلىك ئەندىشىلەرنى كۆپەيتمەكتە.

## تەۋسىيەلەر

خىتاينىڭ دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىششىغا تەرغىپ قىلىشى، ئوتتۇرا شەرقتىكى رىقابەتنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۈچ يىلدىن بېرى قاتتىق توقۇنۇشتىكى تۈركىيە ۋە سەئۇدىي مۇناسىۋىتىنىڭ تۈيۇقسىز ياخشىلىنىشى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ فىرانسىيەنىڭ ئىراننىڭ يادرو مەسىلىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى قاتارلىق ئۆزگىرىشلەرنى داۋاملىق كۆزىتىش، تۇغۇلۇش ئېھتىماللىقى بولغان پۇرسەتلەرنى كۆزدىن قاچۇرماسلىق كېرەك.

ئافرىقا مۇڭگۇزى دۆلەتلىرىدە خىتاينىڭ رايوندىكى مەۋجۇتلۇقى رايوننىڭ سىياسىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق دەپ قاراۋاتىدۇ، خىتايغا بولغان ئىجابىي قاراش كۈچىيىۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدا داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇش مۇھىم دەپ قارايمەن.